قىزىلسۇ ئوبلاستى:

دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىپ تاشلىدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن**

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا، بۇ يىل باھار ئادەتتىن تاشقىرى بالدۇر كەلگەندەك قىلاتتى. كۆن نۇرى پارنىكىدا مايسىلار ياشىرىپ، مېۋىلەر قىزارغانىدى، كۆچۈرۈش نۇقتىسىدا تۇرمۇش ناھايىتى ياخشى، زاۋۇت ئۆيلىرىدە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئالدىراش ئىدى... ئىشچان دېھقانلار بىر جۈپ قولى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش جاۋاب قەغىزىنى يېزىۋاتاتتى.

چوڭ پارنىك شىياڭگۇسى «بېيىش كۆنلۈكى»نى ئاچتى

3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسى قورغان كەنتىدىكى شىنشىنرۇڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ شىياڭگۇ چوڭ پارنىكىدا، ياسىن ئىسلام شىياڭگۇلارنى پەرۋىش قىلىۋاتاتتى. بۇ يىلنىڭ بېشىدا پايدا تەقسىملەشتە، ئۇنىڭغا 800 يۈەن تەگدى. «تېخنىك خادىمنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، شىياڭگۇلار ناھايىتى ياخشى ئۆستى، شىياڭگۇ ياخشى ئۆستۈرۈلسە، سېتىپ كىرىم قىلىپلا قالماي، يەنە يىل ئاخىرىدا پايدا تەقسىم قىلىنىدۇ» دېدى ياسىن شىياڭگۇ لىققىدە ئۈنگەن زەمبۇرۇغ تاياقچىسىغا قاراپ تۇرۇپ.

قورغان كەنتىدە نوپۇس كۆپ، يەر ئاز، كەنت ئاھالىلىرى كۆممىقوناق، بۇغداي قاتارلىق ئەنئەنىۋى زىرائەتلەرنى تېرىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش يولى بىر خىل ئىدى. قىزىلسۇ ئوبلاستلىق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قورغان كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېتى» شىياڭگۇ تېرىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «شىياڭگۇ كىچىك بازىرى» بەرپا قىلدى.

2019 - يىلى، قورغان كەنتى 6000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان شىياڭگۇ باغچە رايونى ۋە 2300 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان شىياڭگۇ زەمبۇرۇغ تۈرىنى يېتىلدۈرۈش بازىسى قۇردى، 1 - قاراردىكى تۆت شىياڭگۇ يېتىلدۈرۈش چوڭ پارنىكىدا سىناق تەرىقىسىدە 20 مىڭ تاياقچە شىياڭگۇ يېتىلدۈرۈلدى. كەنتتە شىنشىنرۇڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، شىياڭگۇ يېتىلدۈرۈشتە بىرتۇتاش ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇش، سېتىشنى يولغا قويۇپ، 1 - قاراردا 40 نامرات ئائىلىلىكنى شىياڭگۇ يېتىلدۈرۈشكە قاتنىشىشقا جەلپ قىلدى. قىسقىغىنا نەچچە ئايدا يىغىۋېلىنغان توققۇز تونىنا شىياڭگۇ 110 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم ياراتتى، نامرات ئائىلىلەر ئائىلە بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى.

سىناق تەرىقىسىدە شىياڭگۇ يېتىلدۈرگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەمەلىي نەپكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ كەنت ئاھالىلىرى كەينى - كەينىدىن خىزمەت ئەترىتىگە كېلىپ، ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. ھازىر 238 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى قاتناشتى.

بۈگۈنكى كۈندە، «باشلامچى كارخانا+ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى+مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئائىلە» تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئائىلە «نامراتلىق قالپىقى»نى ئېلىپ تاشلىدى.

«كۆچكەن»دىن كېيىنكى گۈزەل تۇرمۇش

«بىز ھازىر ئىسسىنىشتا كۆمۈر قالمايدىغان بولدۇق، توك، سۇ ئىشلىتىش ناھايىتى قولايلىق، يەنە پۇل تېپىپ يېڭى تېلېۋىزور، كىرئالغۇ سېتىۋالدۇق. تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى جاپالىق تۇرمۇش بىلەن خوشلاشتۇق.» 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ سىلۇ جىايۈەن نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا، بارىن يېزىسىنىڭ خانتېرەك كەنتىدىكى نامرات ئاھالە سىدىقجان جۇمەك مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا كۆچۈپ كەلگەندىن بۇيان، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشتۇق. ھازىر سىلۇ جىايۈەن نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا بەش يېزا - بازار ۋە چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى 1400 ئائىلىلىكتىن كۆپ ئاھالە كۆچۈپ كەلدى».

«ئىلگىرى مەن 200 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغدا چارۋا بېقىشقا تايىنىپ ياشايتتىم، تاغ يولى ناچار، توك بېسىمىمۇ مۇقىم ئەمەس ئىدى، ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىمىز كېسەل بولۇپ قېلىش ئىدى.» سىدىقجان مۇنداق دېدى: ئورۇنلاشتۇرۇش ئولتۇراق رايونىدا سۇ، توك، پار بار، يەنە دوختۇرخانا، يەسلى، پائالىيەت مەركىزى قاتارلىقلار سېلىنغان، تۇرمۇش سەۋىيەمىز ئىلگىرىكىدىن خېلىلا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

كۆچكەندىن كېيىن، سىدىقجان ئولتۇراق رايوندا خەلققە قولايلىق تالالا بازىرى ئاچتى ھەم كومپيۇتېر بىلىملىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، تالالا بازاردا توك پۇلىنى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش تور نۇقتىسى ئېچىپ، ئايلىق كىرىمنى 3000 يۈەندىن ئاشۇردى.

چارۋىچىلىق رايونىدىن شەھەر رايونىغىچە، چارۋىچىدىن مەھەللە ئاھالىسىگىچە، كۆچۈرۈلگەن نامرات ئاھالىلەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، يۆلىشى بىلەن «كۆچۈپ چىقالايدىغان، مۇقىم تۇرالايدىغان، بېيىيالايدىغان بولۇش»نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇردى.

مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىنى ئاچتى

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، مۇخبىر ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ سىلۇ جىايۈەن نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىغا بارغىنىدا، بۇلتۇر 9 - ئايدا پۈتتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن شىنجاڭ جۇڭيىنتۇڭ ئېلېكترون پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ زاۋۇت ئۆيىدە، ئىشچىلار ئاقما لىنىيەدە يان تېلېفون تىڭشىغۇچىنى قۇراشتۇرۇۋاتاتتى.

ئاقتۇ ناھىيەسى چارلۇك يېزىسىنىڭ قايىز كەنتىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن بۈپاتەم مۇلانىنىڭ ئۆيىدە بەش جان بولۇپ، ئېرى كېسەل سەۋەبىدىن ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغاچقا، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئائىلىسى يېڭى بىنا ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، بۈپاتەممۇ كەسپلەر باغچىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

«زاۋۇتنى ئىشىك ئالدىدا قۇرۇش» ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ جۇڭيىنتۇڭ ئېلېكترون پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇپ، ئەتراپتىكى 130دىن ئارتۇق دېھقان - چارۋىچىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. زاۋۇت باشلىقى شيې سۇڭدې مۇنداق دېدى: «شىركەت يەنە يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ، يان تېلېفون تىڭشىغۇچى، لەنيا تىڭشىغۇچى قاتارلىق ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن 1000دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ».

يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ باردىغان جايى بولۇشى، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بولۇشى، ياخشى ئىشلىيەلەيدىغان بولۇشى، تۇرۇپ قالالايدىغان بولۇشى ئۈچۈن، ئاقتۇ ناھىيەسى يېڭى تەدبىرلەرنى ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەمگەكچى چىقىرىشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، «پارتىيە قۇرۇلۇشى+كارخانا+ئەمگەكچى چىقىرىش ئەترىتى» «پارتىيە ياچېيكىسى+كەسپلەر جەمئىيىتى+نامرات ئائىلىلەر» قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامرات ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، كۆندە كىرىمى بولۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كارخانىلار بىلەن كېڭىشىپ ھەمكارلىشىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرى تەسىس قىلىپ، ئەمگەكچى چىقىرىش يېشىل يولىنى دائىملاشتۇرۇشنى، قانۇنىيەتلىك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. 2019 - يىلىلا، ئاقتۇ ناھىيەسى يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچىدىن 46 مىڭ 800 ئادەم قېتىمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

---

10 مىليون ئىش ئورنىغا توردا خادىم قوبۇل قىلىش 100 كۈنلۈك ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيانىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى بازىرىدىن ئىگىلىشىچە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونىمىز «100 كۈنلۈك مۇلازىمەت ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، 10 مىليون ئىش ئورنى كۆرسىتىش» ئاممىۋى پاراۋانلىق توردا خادىم قوبۇل قىلىش چوڭ تىپتىكى مەخسۇس ھەرىكىتى(10 مىليون ئىش ئورنىغا توردا خادىم قوبۇل قىلىش 100 كۈنلۈك مەخسۇس ھەرىكىتى)نى قانات يايدۇرۇپ، خادىم قوبۇل قىلىدىغان تۈرلۈك ئورۇن ھەم خىزمەت ئىزدىگۈچىلەرگە ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش سۇپىسى ھازىرلاپ، ئۇلارنى توردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىكەن.

10 مىليون ئىش ئورنىغا توردا خادىم قوبۇل قىلىش 100 كۈنلۈك مەخسۇس ھەرىكەتنىڭ باش تېمىسى «خىزمەت سىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئىشقا ئورۇنلىشىپ تەڭ ئىلگىرىلەيلى» بولۇپ، مۇلازىمەت ئوبيېكتى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر، دېھقان ئىشلەمچىلەر، شەھەر - بازارلاردىكى ئىشسىزلار، نامرات ئەمگەك كۈچلىرى قاتارلىق تۈرلۈك ئەمگەكچىلەر ھەمدە خادىم قوبۇل قىلىش ئېھتىياجى بار ئادەم ئىشلەتكۈچى تۈرلۈك ئورۇنلار ئىكەن. مەخسۇس ھەرىكەتنى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، 100 كۈن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، 10 مىليوندىن ئارتۇق ئىش ئورنى ئۇچۇرىنى مەركەزلىك كۆرسىتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

10 مىليون ئىش ئورنىغا توردا خادىم قوبۇل قىلىش 100 كۈنلۈك مەخسۇس ھەرىكەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن، كۆپ تەرەپ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان توردا خادىم قوبۇل قىلىش سۇپىسى بەرپا قىلىنىدۇ ھەم ساھە خاراكتېرلىك، رايون خاراكتېرلىك، كىشىلەر توپى خاراكتېرلىك مەخسۇس خادىم قوبۇل قىلىش مەركەزلىك قانات يايدۇرۇلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى بازىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار تورى (www.xjrc365.com) بۇ قېتىمقى مەخسۇس ھەرىكەتنىڭ شىنجاڭ شۆبە يىغىن مەيدانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى خادىم قوبۇل قىلىدىغان ئورۇنلار ھەم تۈرلۈك خىزمەت ئىزدىگۈچىلەرنى ئاممىۋى پاراۋانلىق توردا خادىم قوبۇل قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىكەن. ھەرقايسى خادىم قوبۇل قىلىدىغان ئورۇنلار ھەم خىزمەت ئىزدىگۈچىلەر جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار تورىدا ياكى ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى بازىرى ئۈندىدار ئاممىۋى سۇپىسى (شىنجاڭ 365 ئىختىساسلىقلار تورى)دا تىزىملىتىپ، خادىم قوبۇل قىلىش ياكى خىزمەت ئىزدەشكە قاتناشسا بولىدىكەن.

«بىز 10 مىليون ئىش ئورنىغا توردا خادىم قوبۇل قىلىش 100 كۈنلۈك مەخسۇس ھەرىكەتنى يولغا قويۇشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش تەدبىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم تۇتقىسى قىلىپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىش ئورنى ئۇچۇر مەنبەسىنى كېڭەيتىپ، خادىم قوبۇل قىلىدىغان ئىش ئورنى ئۇچۇرلىرىنى توپلاپ، ئېلان قىلىپ، ھەرىكەتچان يېڭىلاپ، تېخىمۇ كۆپ خىزمەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ توردا تەكلىپ قىلىنىش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى بازىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا كۆلەملىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 99.3%كە يەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىسرائىل ئىسمائىل مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايوندا ھازىر كۆلەملىك سانائەت كارخانىسىدىن 2246سى بار. ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قاتناش - ترانسپورت گۇرۇپپىسىدىكى باشلامچى ئورۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى بىر تەرەپتىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، ئېنېرگىيە ۋە ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىك پىششىقلاش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى كارخانىلىرىنى نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا ۋاقتىدا تەشكىللىدى، پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلدى؛ بىر تەرەپتىن قاتناش - ترانسپورتنى راۋانلاشتۇرۇپ، خادىملارنىڭ شىنجاڭغا قايتىشى، ئىش ئورنىغا قايتىشىنى تېزلىتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نېفىت، كۆمۈر، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھە كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەپ چىڭ تۇتۇپ، خىمىيەۋى ئوغۇت، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سولياۋ يوپۇق، تېمىتىپ سۇغىرىش شىلانكىسى قاتارلىق يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇ تەييارلىقىنى يېتەرلىك ماددىي ئەشيا كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى. شىنجاڭدىكى ئالتە چوڭ نېفىتلىك ۋە تۆت چوڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى يۇقۇم مەزگىلىدە ئۈدا نورمال ئىشلەپچىقىرىشنى ساقلىدى. ھازىر، خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىشلەپچىقىرىش باشلاندى.

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىل 1 - ئايدىن 2 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تاش كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 37 مىليون 510 مىڭ تونىنا بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 17.7% ئاشقان. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ توك كۆمۈر، ئىسسىقلىق كۆمۈر بىلەن تەمىنلىشى مۇقىم، تەرتىپلىك بولغان؛ ±800، ±1100 كىلوۋولتلۇق شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈشتە نورمال توك يەتكۈزۈلۈپ، 1 - ئايدىن 2 - ئايغىچە سىرتقا يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارى 12 مىليارد 363 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 31.2% ئاشقان. 1 - ئايدىن 2 - ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 1 مىليون 49 مىڭ 200 تونىنا خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىلىپ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 27% ئاشقان. خىمىيەۋى ئوغۇت، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سولياۋ يوپۇق، تېمىتىپ سۇغىرىش شىلانكىسى قاتارلىق يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى مەھسۇلاتلىرى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.

يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى 2020 - يىلدىكى 108 نۇقتىلىق سانائەت قۇرۇلۇش تۈرى ۋە 11 نۇقتىلىق باغچە رايونى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى تۈرىنى رەتلەپ چىقتى، بۇ تۈرلەر نېفىت خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى، يېڭى ماتېرىيال، ئىلغار جابدۇق ياسىمىچىلىقى، يېنىك سانائەت توقۇمىچىلىقى، بىيو تېببىي دورا قاتارلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسلىق سانائەت ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ يىل 135 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى.

«ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە سانائەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە پۇختا تۈرتكە بولىدۇ» دېدى ئىسرائىل ئىسمائىل.

مائارىپ سىستېمىسى ئوقۇش باشلاشتىن مەسلىھەت سوراش قىزىق لىنىيە تېلېفونى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا خەۋەر قىلىدۇ: ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، 2020 - يىللىق ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىدە ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، يېقىندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ سىستېمىسى ئوقۇش باشلاشتىن مەسلىھەت سوراش قىزىق لىنىيە تېلېفونى ئاچتى.

ئىگىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ مەسلىھەت سوراش قىزىق لىنىيە تېلېفونى 0991 - 7606004 ئىكەن. تېلېفون قوبۇل قىلىش ۋاقتى: ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن بەشىنچى كۈنىگىچە سائەت 10:30دىن 13:30غىچە؛ 16:00دىن 19:00غىچە ئىكەن. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ مەسلىھەت سوراش قىزىق لىنىيە تېلېفونىنى «شىنجاڭ مائارىپ نازارىتى» ئۈندىدار ئاممىۋى سۇپىسى ئارقىلىق تەكشۈرۈپ سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدىكەن. قىزىق لىنىيە تېلېفونىدا مائارىپ سىستېمىسىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرى، باشقۇرۇش تۈزۈمى قاتارلىق جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلىدىغان، دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەر چۈشەندۈرۈلۈپ، كەڭ ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرىغا ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇلىدىكەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز يەنە كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، نامرات رايونلارنىڭ كەسپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، سېتىش تورىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش، كەسپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۈلۈك پايدىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاممىنى كەسپ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇرۇلۇشى ۋە نامراتلارنى يېتەكلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدىكەن.

بۇلتۇر كەسپلەر ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى رولى كۆرۈنەرلىك بولغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست 1 - كەسپ قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق كېڭەيتىش، باغ - ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى كۆلەملىك بېقىشنى قانات يايدۇرۇپ، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك كەسپ بويىچە «قوش قاپلاش» «قوش سۇغۇرتا»نى پائال كېڭەيتىپ، خاس كەسپ تۈرىدىن 1799نى ئەمەلىيلەشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى قۇراشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش قاتارلىق ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، فوتوۋولت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىقلارنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ توشۇشنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، پويىزنى كۈتۈۋېلىش - ماڭدۇرۇش ۋە پويىزغا يۈك قاچىلاش - چۈشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ھەرقايسى باسقۇچ، ھەرقايسى ھالقىلارغىچە تەقسىملەپ، ۋاگون ئورۇنلاشتۇرۇش مەشغۇلاتى، نۆۋەتچى پويىز نۆۋەت نومۇرىنى قالدۇرۇش، ئاپتوموبىل بىلەن ئېلىش - يەتكۈزۈش قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەشغۇلات تەرتىپىنى ئەلالاشتۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، «بىر تاموژنىدا بىر تەكشۈرۈش»نى ماسلاشتۇرۇش، ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇرىنى ئالدىن مەلۇم قىلىپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ 24 سائەت ئىچىدە تاموژنىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«مالنى ئالماشتۇرۇپ قاچىلىغىلى بولسا بىز يەرگە چۈشۈرمەيلا بىۋاستە ئالماشتۇرۇپ قاچىلىدۇق، تاموژنىدا تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش زۆرۈر بولغان ماللارنى ۋاقتىدا يەرگە چۈشۈردۇق.» ئالاتاۋ پورتى ۋوگزالى مال قاچىلاش سېخىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ بىن مۇنداق دېدى: ۋوگزال خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە مالنىڭ ۋوگزالغا يېتىپ كېلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، توشۇشقا جانلىق تەشكىللەپ، يولۇچىلار پويىزىنىڭ توشۇشقا تەشكىللەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

قورغاس ۋوگزالى خېرىدارلار بىلەن ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىپ، مەركەزلىك ئىش بېجىرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خېرىدارلارغا كەسپ، ياتاق ھەم قاتناش بېجىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە قولايلىق يارىتىپ بەردى، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەرىكەت ھالىتىدە ئىگىلەپ، توشۇش يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىپ، تېز قاچىلاش - تېز توشۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى.

«يېقىنقى مەزگىلدە بىزنىڭ ۋوگزالدىن ھەر كۈنى چېگرادىن چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 11 ئەتراپىدا بولۇپ، ئېشىش دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى» دېدى قورغاس ۋوگزالى مال توشۇش سېخىنىڭ مۇدىرى شى خۇڭجۈن.